# شىنجاڭ گېزىتى

2020-يىل 9-ئاي

8

سەيشەنبە

维吾尔文 9 月8日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25178-سان بۈگۈن 4 بەت


## ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە گۈللىنىش كۈچىنى تاۋلاش

### — جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ كۈرىشىدىن تەپەككۇر ئىلھامى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

تارىخنى زىلزىلىگە سالغان كۈرەش مۇقەررەر تارىخنى زىلزىلىگە سالىدىغان سەھىپە قالدۇرىدۇ.

2020-يىلى، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بىر مەيدان ئېغىر يۇقۇم مانا مۇشۇنداق مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان شەكىلدە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ خاتىرىسىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

قاتتىق قايغۇرۇۋاتىمىز، قايغۇ بىلەن ياد ئېتىۋاتىمىز، كېسەل سەۋەبىدىن قازا قىلغان قېرىنداشلار ۋە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەسەللىي بېرەلەيدىغىنىمىز شۇكى — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، 1 مىليارد 400 مىليون خەلق بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق غايەت زور بەدەل تۆلەپ، بىر مەھەل غالجىرلاشقان يۇقۇم ئالۋاستىسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭ، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

# ئاچقۇچلۇق پەيتتىكى ئاچقۇچلۇق تاللاش

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ۋۇخەندىن ئايرىلىش يوللىرىنى تاقاشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور تەدبىرنى چىقارغانلىقى توغرىسىدا ئۈنۈبىرسال بايان

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

بۇ، ئاچقۇچلۇق پەيتتىكى ئاچقۇچلۇق تاللاش — ئېغىر يۇقۇم تۇيۇقسىز يۈزبەردى، 10 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسى بار شەھەردە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا «ۋاقىتلىق توختىتىش كۇنۇپكىسى» بېسىلدى.

بۇ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى بەلگىلەيدىغان غەلىبە قىلىش تەدبىرى — كەسكىن تەدبىر قوللىنىلىپ، ۋىرۇسنىڭ كەڭ دائىرىدە تارقىلىش يوللىرى ئۈنۈملۈك ئۈزۈپ تاشلاندى، خەلق ھەممىدىن ئەلا، ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا!

بۇ مەيدان كىشىنى چۆچۈتىدىغان «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ مۇساپىسىگە قايتا نەزەر سالساق، ۋۇخەندىن ئايرىلىش يوللىرىنى تاقاش ئېنىقكى خەتەرلىك پەيتتىكى ئەڭ مۇھىم تەدبىر. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، كەسكىن تەدبىر بەلگىلىدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىنىپ، 76 كۈنلۈك خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

#### خەتەرلىك پەيت، ئىلمىي ھۆكۈم

جيائىخەنگۈەن بىناسىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن ئۆتۈپ كېچىۋاتقان كىچىك كېمىلىرىنىڭ گۈدۈك ئاۋازى گىرەلىشىپ كەتتى، خۇاڭخېلۇ راۋىقى بويىدا يەنە شەھەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ئاڭلىنىدىغان بولدى.

يۇرت تىنچ ـ ئامان، ساق ـ سالامەت بولدى، ۋۇخەن ئەسلىگە كەلدى. ھەيۋەتلىك چاڭجياڭ دەرياسى سۈيى بۇ قەھرىمان شەھەرنىڭ ئىلگىرى قانداق خەتەرلىك پەيتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ تۇراتتى.

2019-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرى، كېشلەر يېڭى بىر يىلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقاندا، كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان بىر خىل ۋىرۇس تۇيۇقسىز دۇرمايى ھۇجۇم قىلىپ كەلدى.

خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھەرلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش ئارقىلىق سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ئۆپكە ياللۇغى كېسەللىك مەسىلىسىنى بايقىدى. كېسەللىك سەۋەبى ئېنىق بولمىسا، كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىسا، قانداق قوتقۇزۇش ـ داۋالاشنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. بىر مەيدان «دوقۇرۇشما جەڭ» مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا تۇيۇقسىز باشلاندى.

تۇيۇقسىز تارقالغان يۇقۇم ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ ھامان بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى چۈشەردى. 2020-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنى، ئۇ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىنسانلارنىڭ نامەلۇم ۋىرۇسقا بولغان ئىزدىنىشىدە ئەمدىلا بوسۇش بولغان بولسىمۇ، ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى ۋە ۋىرۇس تارقاتقۇچى، تارقىلىش يولى، كېسەل پەيدا قىلىش قانۇنىيىتى قاتارلىقلار يەنىلا ئېنىق ئەمەس ئىدى.

1-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ۋۇخەن شەھىرىدىكى قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىدە كېسەل كۆرسەتىدىغانلارنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە ئاشتى.

خەلقئارالىق ئۈنۈبىرسال قاتناش تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋۇخەن ئوتتۇرا قىسىمدىكى مەركىزىي رايونغا جايلاشقان، شەرقتىن كەلگەننى غەربكە يەتكۈزىدىغان، جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان جاي بولۇپ، توققۇز ئۆلكىگە تۇتىشىدىغان يول دەپ ئاتالغان. ئەگەر ۋىرۇس ئادەملەر ئارىسىدا تارقالسا، يۇقۇم تېزلا پۈتۈن مەملىكەتكە يامراپ، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى!

(ئاخىرى 2-بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى >> 4-بەتتە

## جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلققە زىچ تايىنىپ ئىشلاردا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

### چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

## نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى نىشانلاپ، داۋاملىق تۈردە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

#### شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۆڭ، ۋاڭ شىرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يۇقۇم ئەھۋالى، ئاپەت ئەھۋالىنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك قۇتۇلدۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىنىڭ روھى، «گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ 2020-يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى قايتما ئىنكاس قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ «گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 2020-يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشتە قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدىكى لايىھەسى» قاتارلىقلار قاراپ چىقىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈر ئورۇنلاشتۇرۇپ، جاسارەت بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى قەتئىي يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش رەئىسلەر يىغىنى ئاچتى

### ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 12-قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىش قارار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9-ئاينىڭ 7-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 12-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش 31-قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 12-قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىشنى قارار قىلدى.

(ئاخىرى 2-بەتتە)



خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىدا چەرچەنگىچە رېلىس ياتقۇزۇلدى

9-ئاينىڭ 7-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئىش مەيدانىدا، بىر گۇرۇپپا 25 مېتىرلىق رېلىسنىڭ ئاستا ـ ئاستا يەرگە چۈشۈرۈلۈشى بىلەن خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ چەرچەن بۆلىكىگە رەسمىي رېلىس ياتقۇزۇلدى.

□ گو باۋلىن فوتوسى



## شىددەتلىك جەڭدە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش   باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش

### — پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەن پەيتتە

□ گېزىتىمىز تەھرىر بۆلۈمى

بۇ، بىر مەيدان مىسلىسىز جاپالىق ئۇرۇش!

بۇ، بىر مەيدان پۈتۈن كۈچ بىلەن ئېلىشقان ئۇرۇش!

بۇ، بىر مەيدان ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىنغان ئۇرۇش!

7-ئاي شىنجاڭنىڭ ئەڭ گۈزەل مەزگىلى، تاغلار ياپيېشىل، سۇلار سۈپسۈزۈك بولۇپ كېتىدۇ، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى ئەتراپقا تارىلىپ، ساياھەتچىلەر ئىنتايىن كۆپىيىپ، ھەممە جايدا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەنزىرە شەكىللىنىدۇ.

ئويلىمىغان يەردىن، بىر مەيدان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى — 7-ئاينىڭ 15-كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىدىن بىرى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىدىن ئۈچىنىڭ پەيدىن كۆپەيگەنلىكى دوكلات قىلىندى، شىنجاڭدا ئۇدا 148 كۈن يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى بولماسلىقنى خاتىرىلەش تۇيۇقسىز توختاپ قالدى.

1، 6، 17، 30، 46... ئۈرۈمچىدە دوكلات قىلىنغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرى تېز سۈرئەتتە ئۆرلىدى!

بۇ، بىر مەيدان كىرىزىس، شۇنداقلا بىر مەيدان چوڭ سىناق! ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان ھالقىلىق پەيتتە، شىنجاڭ يەنە بىر قېتىم يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ كەسكىن سىنىقىغا دۇچ كەلدى.

ھاياتلىق تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك! يۇقۇمنىڭ ئۆزى بۇيرۇق! ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش — مەسئۇلىيەت! ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ ـ داۋالاپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللاندى...

ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، كېچە ـ كۈندۈز شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى — 9-ئاينىڭ 7-كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار يالپۇزلىرى «نۆللەشتى».

بۇ، ئىتتىپاقلىقنىڭ جەڭ مېۋىسى! شۇنداقلا خەلقنىڭ ئۇلۇغ كۈچى!

بۇ غەلىبە، سىزگە مەنسۇپ، ماڭا مەنسۇپ، بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ياشاۋاتقان ھەربىر كىشىگە مەنسۇپ!

ئەمەلىيەت شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلسىلا، بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق، يەڭگىلى بولمايدىغان خىرىس يوق. بۇ قۇدرەتلىك كۈچ يەنە بىزنى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، توختىماي ئالغا بېسىشقا داۋاملىق يېتەكلەيدۇ!

**(1)**

ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىمىزدە، ھەم پارلاق قۇياش نۇرى، ھەم دەھشەتلىك دولقۇنلارمۇ بار. قانچە جاپالىق پەيت بولغانسېرى، يول باشلىغۇچى كۈچكە شۇنچە موھتاج بولىمىز.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدايدىغان بىر مەيدان كەسكىن كۈرەش. شىنجاڭ پايتەختتىن بىيجىڭدىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۈرۈمچىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۇن چۈنلەن ئالايىتەن شىنجاڭغا كېلىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇلاردىن ھال سوراپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى.

(ئاخىرى 3-بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى «نۆللەشتى»

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: 9-ئاينىڭ 7-كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئۈچ ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بىر يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا 7-ئاينىڭ 15-كۈنى يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ ھەممىسى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى لۇ چېن مۇنداق دېدى: بۈگۈن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر كۈن بولدى، كۆڭۈل قويۇپ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئارقىلىق، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنىڭ

(ئاخىرى 4-بەتتە)